## 152628 ـ پەرزەنتلىرىڭىز ناماز ئوقۇشقا سۇسلۇق قىلسا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولىسىز؟

### سۇئال

پەرزەنتلىرىمىنىڭ نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ھېرىسمەن بولىشىنى خالايمەن، چۈنكى ئۇلار بىر قېتىملىق نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلسا، يەنە بىر قېتىملىق نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلمايدۇ، ئۇلارغا دائىم نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىمەن، جانابى ئاللاھتىن ئۇلارغا ھىدايەت تىلەيمەن. قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ نامازغا قىزىقتۇرالايمەن ۋە قەلبىنى نامازغا باغلىيالايمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: شەرىئەت پرىنسىپىدا نامازنىڭ ئورنى ھەممىدىن كاتتا ۋە ئۇلۇغدۇر، چۈنكى ناماز دىنىنىڭ ئاساسى، نىجاتلىقنىڭ بەلگىسى، تەقۋادارلىقنىڭ ئالامىتى، شۇنداقلا بەندە قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم ھېساب بېرىدىغان ئەمەلدۇر. ئىنسان ھاياتىدا ناماز تولۇق بەرپا قىلىنسا باشقا ئىبادەتلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تولۇق بولىدۇ، نامازدىن چاتاق چىقسا باشقا ئەمەللەرنىڭ ساغلام بولىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدۇ.

ھەقىقەتەن پەرزەنتلەرنى توغرا بولغان ئىسلامى تەلىمـتەربىيە ئاساسىدا يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ ئۇلارنى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغان، سۆزـھەرىكەتلەردە ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار ئەۋلاتلاردىن قىلىپ تەربىيىلەش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئاتاـئانىلارنى پەرزەنت تەربىيىسىدە توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ تەرجىمىسى: (ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن. [سۆرە تاھا 132-ئايەت].يەنى: "ئى پەيغەمبەر! ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۇلارنى پەرزـنەپلە نامازلارنى ئادا قىلىشقا ئالدىراتقىن. بىر ئىشقا بۇيرۇش بولسا، شۇ ئىش تولۇق ئادا بولىدىغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، يۇقىرىقى بۇيرۇقتا نامازنى تەلىم بېرىشنى، يەنى ناماز كامىل بولىدىغان، دۇرۇس بولىدىغان ۋە ناماز بۇزۇلىدىغان بارلىق مەسىلىلەرنى تەلىم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ." [تەپسىر سەئدى 517-بەت].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا تەرجىمىسى: ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ

رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى. [سۈرە مەريەم 55-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ تەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار. [سۈرە تەھرىم 6-ئايەت]. يەنى: "ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويىۋەتسەڭلار، ئۇلارقىيامەت كۈنى دوزاخقا تۇتۇرۇق بولىدۇ." [تەپسىر ئىبنى كەسىر 5-توم 240-بەت].

ئەمرۇ ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن دادىسى بوۋىسىدىن بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەۋلادلىرىڭلارنى ئۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئەدەپلەڭلەر ۋە قىز-ئوغۇللارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىم قىلىپ بېرىڭلار.» [ئەبۇ داۋۇد 495-ھەدىس. ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى 6650-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى "ئەلئىرۋا" ناملىق ئەسىرىنىڭ 247-بېتىدە سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئائىلە-تاۋابىئاتىڭلارغا ئەھمىيەت بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل بولماڭلار، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار، ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا يەتكەندە نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا يەتكەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغانھالەتتە تەربىيىلەش ئۈچۈن يەڭگىل ئەدەپلەڭلار، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈڭلار، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سەھىھ ھەدىسلەر بايان قىلىنغان." [شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمىدىن 6-توم 46-بەت].

ئىككىنچى: پەرزەنتلەرنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق ۋە نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغان، نامازنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى قەدىرلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەشكە ياردىمى بولىدىغان سەۋەبلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرقانچىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز:

1-پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئۇلارغا نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدىغان ئەمەلىي ئۈلگىلەرنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بولۇپمۇ ئاتا-ئانىلار نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشتا پەرزەنتلەرگە ئۈلگە بولۇشقا تىرىشىشى لازىم.

2- دادا ئوغۇلنى دائىم ئۆزى بىلەن بىرگە مەسچىتكە ئېلىپ بېرىشنى ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭدەك ئانىمۇ ئۆيدە قىزلارغا نامازنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئادا قىلىشقا بۇيرۇشىلازىم.

3- پەرزەنتلەرگە نامازنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ناماز ئوقۇماستىن دىنىنىڭ كامىل بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك.

4- نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغانلار

ئۆچۈنجەننەت بىلەن ۋەدە قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك.

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى. تاھارەتنى كامىل_تولۇق ئىلىپ، نامازنى تەئدىل ئەركان ۋە خۇشۇئلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغان كىشىنىئاللاھ تائالا كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. نامازنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ۋە ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلمىغان كىشى ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ۋەدىسىگە نائىل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. بۇ ھەدىسنى شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇتنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەھدىسىگە نائىل بولۇشنى خالايدىكەن نامازنى بەرپا قىلسۇن. ئاللاھ تائالاھنىڭ ئەھدىسىگە نائىل بولۇشنى خالىماستىن ئۆز نەپسىنى ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە دەھشەتلىك ئازابىغا ئۆچرىتىشتىن قورقمايدىكەن، نامازنى تەرك قىلسۇن.

5- نامازنى ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ۋە ناماز ئوقۇمىغانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەردىن تەدرىجى بايان قىلىپ بېرىش كېرەك.

6- مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ۋەز_نەسىھەت قىلىش، ناماز ھەققىدىكى كىتاپچىلارنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئالىلىقى، شەنىنىڭ كاتتىلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش ۋەئۇنىڭدىن باشقا بارلىق مەنپەئەتلىك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىش كېرەك.

7- ئەۋلادلارنى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىدىغان ياشلار بىلەن دوستلىشىشقا قىزىقتۇرۇش، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ياخشىلىقتا بىر_بىرى بىلەن بەسلىشىدىغان، نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئامىللارنى پەيدا قىلىش كېرەك.

8- ئۇلارنى نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقارىغبەتلەندۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ مەنئۆيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ماددى ۋە ئەدەبىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاش كېرەك.

9- يۇقىرىدا ئەبۇ داۋۇدتا بايان قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسەن، ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇشتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى قوللىنىش كېرەك. يەتتە ياشقا يەتكەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇش، ئون ياشقا يەتكەندىمۇ نامازنى ئادا قىلمىسا، ئۇلارنى مۇۋاپىق شەكىلدە ئەدەپلەش، قايسى ئۇسۇل ئۇلارغا پايدىلىق دەپ قارالسا شۇ بويىچە ئەدەپلەش كېرەك.

10- ئۇلار نامازنى تەرك قىلغان ۋاقتىدا ياكى نامازغا سەل قاراپ ۋاقتىدا ئادا قىلمىغاندا، ئۇلارغا مۇۋاپىق ھالەتتە قاتتىقلىق قىلىش ۋە ئايرىم بىر جايدا تۇرغۇزۇش لازىم. بۇمۇ تەسىرى كۈچلۈك شۇنداقلا شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر.

11- ئۇلارنىڭ ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە ئاللاھ تائالادىن قورققان ھالەتتە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەردىن بولىشى

ئۆچۈن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ كۆپ دۇئا قىلىش لازىم. مانا بۇ رېئاللىقتا ئەۋلادلارنى توغرا تەربىيلەشنىڭ ئەڭ ياخشى سەۋەبلىرىدۇر. ئەمما كۆپچىلىك كىشىلەر بۇنىڭدىن غاپىل قالماقتا.

12–ئۇلار تەكرار–تەكرار نامازنى تەرك قىلىپ ياكى نامازنى ئادا قىلىشقا سۇسلۇق قىلغاندىمۇ، ئاتا–ئانىلار تىرىكمەستىن، زېرىكمەستىن ئۇلارغا تەكرار نەسىھەت قىلىش، نامازنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ توغرا يول تېپىشىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم. چۈنكى ھېچ بىر كىشى: ئۇلارغا نەسىھەتنىڭ پايدا بېرىدىغان ۋاقىتنىڭ كەلگەن ياكى كەلمىگىنىنى بىلمەيدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھدۇر.